# شى جىنپىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 20 - قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىشىدۇ

## دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى جۇڭگو ۋە چەت ئەل تاراتقۇلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار جىيەڭ مىڭدا، دۇڭ شۆ)** دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇڭگو ۋە چەت ئەل تاراتقۇلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزدى. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لى يۈچېڭ دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ پات ئارىدا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 20 - قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىشىدىغانلىقىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى ھەم مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

لى يۈچېڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ زۇڭتۇڭى پۇتىننىڭ تەكلىپى بىلەن، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بېيجىڭدا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 20 - قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىشىدۇ ھەم مۇھىم سۆز قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىننى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلىتى رۇسىيە مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ، سىن شەكلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تۇنجى قېتىم كۆپ تەرەپلىك تەشكىلات باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىشى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ بۇ يىل ياۋروپا - ئاسىيا رايونىغا يۈزلەنگەن مۇھىم، زور كۆپ تەرەپلىك دىپلوماتىيە ھەرىكىتى بولۇپ، ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يىغىن مەزگىلىدە، ھەرقايسى تەرەپلەر ئاساسلىقى يۇقۇم ۋەزىيىتىدە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىشتىكى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ۋەزىپىلەر ھەمدە مۇھىم، زور خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرىنى چۆرىدەپ پىكىر ئالماشتۇرىدۇ. يەر شارىۋى يۇقۇم بىلەن 100 يىللىق ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئارقا كۆرۈنۈشتە، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ سىن شەكلىدە باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزىدىغانلىقى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ھەمدە «شاڭخەي روھى»نى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇش، قول تۇتۇشۇپ خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش، رايون دۆلەتلىرىنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىيات مەنپەئىتىنى ئورتاق قوغداشتىكى قەتئىي ئىرادىسىنى تولۇق نامايان قىلىدى.

لى يۈچېڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلغان 19 يىلدىن بۇيان، باشتىن - ئاخىر ساغلام، مۇقىم تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېڭىچە رايون تەشكىلاتىنىڭ ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات يولىنى ئىزدىنىپ تاپتى. «شاڭخەي روھى» بۇ تەشكىلاتنىڭ كۈنسېرى تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىدىكى ئىدىيەۋى ئاساس ۋە ھەرىكەت كۆرسەتمىسى، بۇ روھ ھەم ئۆزلۈكسىز يېڭى دەۋر ماھىيەتلىك مەزمۇنغا ئىگە قىلىندى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ھەمكارلىق نەتىجىلىرى مول بولدى، ئەزا دۆلەتلەر «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى نىزامنامىسى» ۋە «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى»نىڭ روھىغا باشتىن - ئاخىر قەتئىي ئەمەل قىلىپ، بىر - بىرىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىدا مېڭىشى ھەم دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرلىرىنى قوللاپ، تاشقى كۈچلەرنىڭ ھەرقانداق باھانە بىلەن ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇپ، زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلارنى سۆزلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىپ، قول تۇتۇشۇپ «ئۈچ خىل كۈچ» قاتارلىق غەيرىي ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىك تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە رايون ھەمكارلىقى تەشەببۇسى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى دۆلەت پۇقرالىرىنى ھەمكارلىق نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلەندۈردى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىناق قوشنىدارچىلىقى، دوستلۇقى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىك يۇغۇرۇلۇپ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، خەلقنىڭ دوستانە ئالاقىسى كۈنسېرى قويۇقلاشتى، ھەرقايسى تەرەپلەر بۇ تەشكىلاتنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، ساياھەت، سەھىيە، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، تاراتقۇ قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقىنى چوڭقۇر تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، بىر تۈركۈم سۈپەتلىك ماركا پائالىيەت تۈرلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلق قەلبىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن سۇپا ھازىرلاپ، ئومۇميۈزلۈك قارشى ئېلىشقا ۋە يۈكسەك ئالقىشقا ئېرىشتى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ھەمكارلىقى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك بولۇپ، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر - بىرىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى ھەم خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى قوللاش كۈچلۈك ساداسىنى ياڭراتتى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بىلەن بولغان ئۈنۈملۈك ھەمكارلىشىشنى قانات يايدۇرۇشنى قوللاپ، ئۆز رايونىدىكى خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقى، بىخەتەرلىكىنى كۈچلۈك قوغداپ، يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا ئاكتىپ كۈچ قوشۇپ، ئىنسانىيەت سەھىيە، ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

لى يۈچېڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش، خەۋپسىزلىك، مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات، گۈللىنىشنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشتىكى يېڭى پىكىر يولى، يېڭى تەدبىرلەر ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، «شاڭخەي روھى»نى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇش، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ئىشەنچىنى مۇستەھكەملەش، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە رايون ھەمكارلىقى تەشەببۇسى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، كۆپ تەرەپچىللىكنى قوللاش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق قۇرۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا بىر قاتار تەشەببۇس، كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كېيىنكى يۇقۇم دەۋرىدىكى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ سىجىل، ساغلام، مۇقىم تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئەزا دۆلەتلەر رەھبەرلىرى باشلىقلار يىغىنى خىتابنامىسىنى ئېلان قىلىپ، كۆپ ساھەگە چېتىلىدىغان ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنى تەستىقلايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بۇ قېتىمقى باشلىقلار يىغىنىنى پۇرسەت بىلىپ، تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭى ھەمكارلىق ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى ھەمكارلىق تەدبىرلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئىشىنىمەنكى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچتا چىڭ تۇرۇپ، «شاڭخەي روھى» بايرىقىنى باشتىن - ئاخىر ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، ھەمكارلىق پىرىنسىپىغا قەتئىي ئەمەل قىلىپ، كۆپ تەرەپچىللىكنى قەتئىي قوغداپ، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قەتئىي قوغداپ، يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

بولمايدىغان تارىخىي چوڭ يۈزلىنىش بولۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى. بۇ قېتىمقى يۇقۇم بىزنى شۇنداق ئاگاھلاندۇردىكى، ھەرقايسى دۆلەتلەر مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش بولغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، ئېغىر، زور كرىزىس ئالدىدا ئۆزىنىلا ئويلاپ، باشقىلار بىلەن كارى بولمىسا بولمايدۇ، ئىنتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشتىكى مۇقەررەر تاللاش. تۈرلۈك يەر شارىۋى مەسىلىلەر ئالدىدا، پەقەت ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىشقا پائال تۈرتكە بولۇپ، ئېچىۋېتىش داۋامىدا پۇرسەت يارىتىپ، ھەمكارلىشىش داۋامىدا قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندىلا، ئاندىن ئورتاق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش خەلقئارا ئىقتىساد سودىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم قايتا جانلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشنىڭ رېئال تەلىپى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ دەۋر تەلىپى. قارشى شامال ۋە قايتىما دولقۇن ئالدىدا، تېخىمۇ گۈزەل بىر دۇنيانى ئورتاق قۇرۇش ئۈچۈن، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئېچىۋېتىش، بېكىنمىچىلىك قىلماسلىق، ھەمكارلىشىش، قارشىلاشماسلىق، ئورتاق پايدا ئېلىش، يالغۇز ئىگىلىۋالماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ زور جاسارەت بىلەن، خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، ھەمكارلىشىش، ئالاقىلىشىشنى ئورتاق كۈچەيتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئورتاق كېڭەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنىڭ تېخىمۇ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، ئومۇمىي مەنپەئەتدار، تەڭپۇڭ، ئورتاق پايدا ئېلىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش، ھەمكارلىشىپ مەسئۇلىيەتنى ئورتاق زىممىگە ئېلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت ئورتاق ئېچىۋېتىش تەشەببۇسى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ چوڭ يۆنىلىشىنى ئىگىلىگەن، ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش چوڭ ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇنلاشقان بولۇپ، بۇ، دۇنيا ئىقتىسادىنى توغرا يولنى بويلاپ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەش، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تەرەققىيات مۇھىتىدا يۈز بەرگەن چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش ئالدىدا، جۇڭگو قەتئىي ھالدا تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنى قوغداپ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولدى. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا دۆلىتىمىزنىڭ «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىياتى ئومۇميۈزلۈك پىلانلاندى، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى تەلەپكە ئۇيغۇنلىشىپ چىقىرىلغان مۇھىم، زور تەدبىر بولۇپ، جەزمەن جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن بوشلۇق ئېچىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشى ۋە ئېشىشى ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشىدۇ. خۇددى رەئىس شى جىنپىڭ تەكىتلىگەندەك: «بۇ ھەرگىزمۇ بېكىنمە بولغان دۆلەت ئىچىدىكى ئايلىنىش بولماستىن، بەلكى تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش، بۇ جۇڭگونىڭ ئۆز تەرەققىيات ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىدۇ.» جۇڭگو يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش بىخەتەرلىكىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، ئىمپورت كۆرگەزمىسىدىن ئىبارەت بۇ يەر شارىۋى كاتتا سودا كۆرگەزمىسىنى ئۆز قەرەلىدە ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگونىڭ دۇنيا بىلەن بازار پۇرسىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشتەك سەممىي ئارزۇسىنى گەۋدىلەندۈردى.

ئۈچ يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، ئىمپورت كۆرگەزمىسى كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ، كۆرگەزمە سودىگەرلىرىنى مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئايلاندۇرۇپ، ئىجادىيەت ۋە ئىدىيە ئالماشتۇرۇپ، جۇڭگو بىلەن دۇنيانى تۇتاشتۇرۇپ، خەلقئارا سېتىۋېلىش، مەبلەغ سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئادىمىيەت ئالاقىسى، ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىشتىن ئىبارەت تۆت چوڭ سۇپىغا ئايلاندى، پۈتۈن يەر شارى ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان خەلقئارا ئاممىۋى مەھسۇلاتقا ئايلاندى. كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسى بارغانسېرى چوڭ ئېچىۋېتىلىدۇ، جۇڭگونىڭ كەڭ ئىچكى ئېھتىياج بازىرى ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى داۋاملىق ئۇرغۇتىدۇ، جۇڭگو تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا ئىچكى - تاشقى بازارلارنى تۇتاشتۇرۇش، مۇھىم ئامىل بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «ھازىر، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى كەسكىن خىرىسقا دۇچ كەلدى، بىز ئىشەنچنى چىڭىتىشىمىز، غەيرەتنى ئاشۇرۇشىمىز، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يېڭىشىمىز كېرەك.» ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى ئىگىلەپ، ئورتاق كەلگۈسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئىنتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش يولىدا مېڭىپ، تېخىمۇ زور ئېچىۋېتىش ئارقىلىق تەرەققىيات پۇرسىتىگە قۇچاق ئېچىپ، تېخىمۇ ياخشى ھەمكارلىق ئارقىلىق ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىشنى كۆزلىگەندىلا، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى چوقۇم قول تۇتۇشۇپ تۈرلۈك يەرشارىۋى مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى يارىتالايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 - بەتتە)

تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئىككىنچى، چېڭ شۆيۈەننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىرى لانكا دېموكراتىك سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

چى جېنخۇڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىرى لانكا دېموكراتىك سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئۈچىنچى، دېڭ لىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

لىيۇ شاۋبىننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

تۆتىنچى، تەن جيەننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېفىيوپىيە فېدېراتسىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

جاۋ جىيۈەننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېفىيوپىيە فېدېراتسىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

بەشىنچى، ياڭ شياۋرۇڭ(ئايال)نى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ماداغاسقار جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

گو شياۋمېي(ئايال)نى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ماداغاسقار جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئالتىنچى، ۋاڭ ۋېيىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سان تومې ۋە پىرىنسىپى دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

شۆ يىڭجېن(ئايال)نى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سان تومې ۋە پىرىنسىپى دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

يەتتىنچى، جىن خۇگېجۇنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ گىۋىنېيە - بىسسائۇ جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

گو سېنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ گىۋىنېيە - بىسسائۇ جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

سەككىزىنچى، سۈي چېمىڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېلارۇسىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

شيې شياۋيۇڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېلارۇسىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

توققۇزىنچى، تيەن ئېرلۇڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەرمېنىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

فەن يۇڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەرمېنىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئونىنچى، دۈەن جيېلۇڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋېنگىرىيەدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

چى دايۇنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋېنگىرىيەدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئون بىرىنچى، خۇاڭ شىڭيۈەننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىپرۇس جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

لىيۇ يەنتاۋنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىپرۇس جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئون ئىككىنچى، سۇڭ يۈمىننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تىرىنىداد ۋە توباگو جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

فاڭ چيۇنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تىرىنىداد ۋە توباگو جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئېچىپ

## ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ۋالىي، ئوبلاست (شەھەر) باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى باھالاش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ۋالىي، ئوبلاست (شەھەر) باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى باھالاش خىزمىتى توغرىسىدا سەپەرۋەر قىلىش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىش سىن يىغىنى ئېچىلىپ، 2020 - يىللىق پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ۋالىي، ئوبلاست(شەھەر) باشلىقى ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى باھالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا سەپەرۋەر قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، ھەرقايسى جايلارنىڭ رايون ئاشلىق بىخەتەرلىكىنى قوغداشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى يەنىمۇ چىڭىتىلدى، پۇختىلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاشلىق بىخەتەرلىكى دۆلەتنىڭ تەقدىرى، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنىڭ مۇھىم ئاساسى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر بولغان ئاشلىق بىخەتەرلىكى كاپالەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىشى كېرەك. ئاشلىق بىخەتەرلىكىنى قوغداشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئاشلىق ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى مۇقىم ئۆستۈرۈپ، ئاشلىق يىغىپ ساقلاش بىلەن جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاشلىق ئوبوروتى مۇلازىمىتى كاپالىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى سۈپىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاشلىق تېجەش، زىياننى ئازايتىش ۋە ساغلام ئىستېمالنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ۋەزىپىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك؛ مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، نەتىجىدىن پايدىلىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك؛ باھالاشنىڭ «دىرىژورلۇق تايىقى»لىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىدىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇ قاتلام پۇختىلاپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىنى باھالاشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باھالاش خىزمىتىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.